# النسب الشريف

السيد الأكرم الذى شرف الناس بوجوده هو (محمدبن عبد الله) من زوجه آمنة بنت وهب الزهرية (١) القرشية (ابن عبدالمطلب) من زوجه فاطمة بنت عمرو المخزومية (٢) القرشية وكان عبد المطلب شيخاً معظماً فى قريش يصدرون عن رأيه فى مشكلاتهم ويقدمونه فى مهمّاتهم (ابن هاشم) من زوجه سلمى بنت عمرو النجارية (٣) الخزرجية (ابن عبدمناف) من زوجه عاتكة بنت مرة السلمية (٤) (ابن قصى) من زوجه حُبى بنت حليل الخزاعية (٥) وكان الى قصى فى الجاهلية حجابة البيت وسقاية الحاج واطعامه المسمى بالرفادة والندوة وهى الشورى لايتم امر الا فى بيته واللواء لاتعقد راية لحرب الابيده ولما اشرف على الموت جعلها فى يد أحد أولاده عبدالدار ولكن بنوعبد مناف اجمعوا رأيهم على ان لايتركوا بنى عمهم عبدالدار يستأثرون بهذه المفاخر وكاد يفضى الامر الى القتال لولا ان تدارك الامر عقلاء الفريقين فأعطوا بنى عبدمناف السقاية والرفادة فدامتا فيهم الى أن انتهتا للعباس بن عبدالمطلب ثم لبنيه من بعده أما الحجابة فبقيت بيد بنى عبدالدار وأقرها لهم الشرع فهى فيهم الى الآن وهم بنوشيبة بن عثمان ابن ابى طلحة بن عبد العزى بن عثمان بن عبدالدار وأما اللواء فدام فيهم

١) من بنى زهرة بن كلاب من قريش

٢) من بنى مخزوم بن يقظة بن مرة من قريش

٣) من بنى النجار من الخزرج والخزرج احدى القبيلتين اللتين كانتا يقيمان بالمدينة وهما الاوس والخزرج وهما اخوان وسمى رسول الله صلى الله عليه وسلم كلا انصارا

٤) من بنى سليم بن منصور احدى قبائل قيس عيلان بن مضر بن نزار

٥) من بنى خزاعة بن عمرو احدى قبائل قمعة بن الياس بن مضر وهم الذين كانوا يتولون البيت قبل قريش

# كىتابخانلارغا:

ئىسلام دىنى 7-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مەيدانغا كېلىپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئەرەب زېمىنىدا ئومۇملاشتى، ئاندىن سىرتقا كېڭىيىشكە باشلاپ، 1400 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت مابەينىدە دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا تارقالدى ۋە دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ بىرىگە ئايلاندى؛ بۇ دىن سىياسەت، ئىقتىسات، مەدەنىيەت ۋە ئىدىئولوگىيە جەھەتلەردە دۇنيادا مەلۇم تەسىر كۆرسىتىپ كەلمەكتە. ئېلىمىزدە خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاتار، قىرغىز، تاجىك، سالا، دۇڭشياڭ، باۋئەن قاتارلىق 10 مىللەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ.

ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىش بىز ئۈچۈنمۇ مۇھىم بىر خىزمەت. ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن، دىنىنىڭ ئاساسچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پائالىيىتى ۋە شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيە ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇش تولىمۇ مۇھىم. شۇڭا ئىسلام دىنى تەتقىقاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ۋە كۈچەيتىش، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش مەقسىتىدە، 1979 — 1985-يىللىق مەملىكەتلىك دىنىي تەتقىقات پىلانىغا ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىنىي تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، مىسىرلىق مۇھەممەد خۇزەرىنىڭ بۇ ئەسىرى تەرجىمە قىلىندى.

بۇ كىتاپ ئىسلام دىنى ساھەسىدە ئىشەنچلىك دەپ قارالغان مول ماتېرىياللار ئاساسىدا بىر قەدەر سىستېمىلىق، ئىخچام يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبىلىسى، جەمەتى، ئائىلىۋى كېلىپ چىقىشى، بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرىدىكى ئاساسىي كەچۈرمىشلىرى، ئەدەپ-ئەخلاقى، دىنغا دەۋەت قىلىش يولىدىكى پائالىيەتلىرى، ئومۇمى دىنىي تەلىماتلىرى، ئىجتىمائىي تەشەببۇسلىرى، چەتئەللەر ۋە غەيرى دىندىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى، ئىسلام قوشۇنىنى يېتەكلەپ ئېلىپ بارغان جىھاتلىرى، ئەرەپ يېرىم ئارىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، دىن بىلەن ھاكىمىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى بەرپا قىلىش جەريانى بايان قىلىندۇ؛ 7-ئەسىردىكى ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىي قىياپىتى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىلىدۇ؛ ئەينى ۋاقىتلاردا يۈز بەرگەن بىر قاتار مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر سۆزلىنىدۇ.

كىتاپخانلارنىڭ چۈشىنىشىگە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، بەزى ئاتالغۇلارغا ۋە ئايرىم ئىبارىلەرگە، شۇنىڭدەك تېكىستتىكى قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ قايسى سۈرە ۋە قانچىنچى ئايەت ئىكەنلىكىگە "ت" بەلگىسى بىلەن ئىزاھات بېرىلدى.

بۇ ئەسەرنى ھىجرىيىنىڭ 1327-يىلى (مىلادىنىڭ 1908-يىلى) قازان مىللەت مەتبەسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئەرەپچە نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلدىم. سەۋىيەم يۇقۇرى بولمىغانلىقتىن، تەرجىمىدە بەزى خاتالىق ۋە يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن، كىتاپخانلارنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمەن.

# مۇئەللىپى ھەققىدە

ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەد خۇزەرى ئىبنى شەيخ ئەفەندىنىڭ يۇرتى مىسىرنىڭ باجۇر شەھرى بولۇپ، ئۇزى قاھىرىدە تۇغۇلغان، 1927 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ بالىلىق چاغلىرىدا قاھىرىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇغان، ئاندىن مىسىردىكى مەشھۇر ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى بولغان جامىئۇلئەزھەرگە ئوقۇشقا كىرگەن ۋە ئۇ يەردىن ئىمتىھان ئارقىلىق تاللانغان، ئەلا ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا قاھىرە دارۇلئۇلۇمغا كىرىپ ئوقۇغان، ئوقۇشنى ئەلا دەرىجىدە تۈگەتكەندىن كېيىن، سۇدانغا بېرىپ مەھكىمە شەرئىيىدە ئىشلىگەن.

مىسىردا مەھكىمە شەرئىيە ئىنىستىتۇتى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ بۇ يەردە دەرس ئوتۇشكە تەكلىپ قىلىنغان ۋە بۇ ئىنىستىتۇتنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن، قوشۇمچە سابىق مىسىر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىسلام تارىخىدىن لېكسىيىلەر ئوقۇغان. مۇئەللىپ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مىسىرنىڭ ئىلمىي ئويغىنىش ھەركىتى ۋە مائارىپ ئىسلاھات ھەركىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇنىڭ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان دىن، ئەخلاق، ئىجتىمائىيەت ۋە ئەدەبىياتقا ئائىت ماقالىلىرىنىڭ بىر قىسمى «ئەرەپ ئەدەبىياتىدىن تاللانمىلار»غا كىرگۈزۈلدى. ئۇ ئىسلام دىنى ئىلىملىرى، بولۇپمۇ ئىسلام تارىخى ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ باردى، ئۇنىڭ يازغان مۇھىم ئەسەرلىرىدىن «مۇھازىرات فى تارىخىلئۇ مەمىل ئىسلامىيە» («ئىسلام دۆلەتلىرى توغرىسىدا لېكسىيىلەر»)، «ئىيتمامۇل ۋافا فىسىرەتىل خۇلەفا» («خەلىپە-

لەرنىڭ تەرجىمىھالى»)، «تارىخۇتتەشرىئىل ئىسلامى» («ئىسلام شەرىئىتىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى»)، «ئۇسۇلۇلفىقھى» («فىقھى ئىلمىنىڭ ئۇسۇل ـ قائىدىلىرى») قاتارلىق كىتاپلىرى ئىسلام دۇنياسىدا كەڭ تارقالغان ئىدى.

مۇئەللىپنىڭ «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» دەپ ئاتالغان قولىمىزدىكى بۇ ئەسىرىمۇ ئەينى زاماندا دەرس پۇروگىرامىلىرىغا كىرگۈزۈلگەن، ئىسلام دىنى ئالى بىلىم يۇرتلىرىدا دەرسلىك قىلىنغان. بۇ ئەسەر ھازىرغا قەدەر ئىسلام تارىخى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى ئۈستىدە قەلەم تەۋرەتكۈچىلەرنىڭ مۇھىم مەنبەلىرىدىن بولۇپ كەلمەكتە.

مۇھەممەت سالىھ
1982 ـ يىل 9 ـ ئاي

## مۇندەرىجە

ئېسىل نەسەپ ........................................ 5
ئابدۇللانىڭ ئامىنىگە ئۆيلىنىشى ۋە ئامىنىنىڭ ھامىلدار بولۇشى ...... 9
ئېمىتىش ........................................ 11
رەسۇلۇللانىڭ كوكرىگى يېرىلىش ۋەقەسى ........................ 12
رەسۇلۇللانىڭ ئامىنە ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ
قولىغا قېلىشى، ئابدۇلمۇتتەلىب ۋاپات بولغاندىن كېيىن
ئەبۇتالىبنىڭ قولىغا قېلىشى ........................ 12
رەسۇلۇللانىڭ شامغا قىلغان تۇنجى سەپىرى ........................ 13
فۇججار ئۇرۇشى........................................ 14
خەيرىيەت ئۇيۇشمىسى ........................................ 17
رەسۇلۇللانىڭ شامغا قىلغان ئىككىنچى قېتىملىق سەپىرى ........ 18
رەسۇلۇللانىڭ خەدىچىگە ئۆيلىنىشى ........................ 19
بەيتۇللانىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ........................ 20
رەسۇلۇللانىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىكى تىرىكچىلىكى........ 24
رەسۇلۇللانىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئەخلاقى ........ 26
رەسۇلۇللانىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى ئاللا تەرىپىدىن
كورگەن ھورمەتلىرى ........................................ 28
تەۋراتتىكى بىشارەت ........................................ 30
ئىنجىلدىكى بىشارەت ........................................ 35



AltunOq

رەسۇلۇللا پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى كىشىلەرنىڭ بۇ توغرىدىكى پىكىرلىرى ........................ 36
ۋەھيىنىڭ باشلىنىشى ........................ 39
ۋەھيىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى ........................ 43
ۋەھيىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ........................ 43
رەسۇلۇللانىڭ يوشۇرۇن دەۋەتكە ئوتتۇشى ........................ 44
رەسۇلۇللانىڭ ئاشكارا دەۋەتكە ئوتتۇشى ........................ 54
رەسۇلۇللانىڭ تارتقان ئەزىيەتلىرى ........................ 59
ھەمزىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ........................ 69
ھەبەشىستانغا قىلىنغان دەسلەپكى ھىجرەت ........................ 84
ئومەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ........................ 85
ھەبەشىستاندىكى مۇھاجىرلارنىڭ قايتىپ كېلىشى ........................ 87
قارارنامىنىڭ يېزىلىشى ........................ 91
ھەبەشىستانغا قىلىنغان ئىككىنچى قېتىملىق ھىجرەت ........................ 92
قارارنامىنىڭ بىكار قىلىنىشى ........................ 93
نەجران ئەلچىلىرىنىڭ كېلىشى ........................ 94
خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئالەمدىن ئوتتۇشى ........................ 96
رەسۇلۇللانىڭ سەۋدىگە ئۆيلىنىشى ........................ 97
رەسۇلۇللانىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆيلىنىشى ........................ 98
رەسۇلۇللانىڭ تائىفقا ھىجرىتى ........................ 100
رەسۇلۇللانىڭ مۇتئىم ئىبنى ئەدىنىڭ ھىمايىسىگە كىرىشى ........................ 103
دۇس قەبىلىسىنىڭ ئەلچىسى ........................ 104
ئىسرا ۋە مىراج ........................ 104
رەسۇلۇللانىڭ قەبىلىلەردىن ھىمايىسىگە ئېلىشنى ئوتۇنۇشى ........................ 110

ئەنسارلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشقا باشلىشى ........................ 112
بىرىنچى ئەقەبە بەيئىتى ........................ 113
ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتى ........................ 116
مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى ........................ 118
دارۇننەدۋىدىكى كېڭەش ........................ 120
رەسۇلۇللانىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى ........................ 121
رەسۇلۇللانىڭ قۇباغا چۈشۈشى ........................ 125
پەيغەمبەرلەرنىڭ ھىجرىتى ........................ 126
رەسۇلۇللانىڭ مەككىدىكى ئىشلىرى ........................ 128
قۇبا مەسچىدى ........................ 129
رەسۇلۇللانىڭ مەدىنىگە كىرىشى ........................ 130
دەسلەپكى ئوقۇلغان جۈمە نامىزى ........................ 131
رەسۇلۇللانىڭ ئەبۇ ئەييۇبنىڭ ئۆيىگە چۈشۈشى ........................ 132
مۇھاجىرلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ........................ 133
ئىسلام قېرىنداشلىقى ........................ 134
رەسۇلۇللانىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھىجرىتى ........................ 135
مەدىنىدىكى تەپ كېسىلى ........................ 136
ئاجىز مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە قىلغان ھىجرىتىنىڭ توسقۇنلۇققا
ئۇچرىشى ........................ 136
ھىجرىيىنىڭ 1 ـ يىلى مەسچىت سېلىش ........................ 137
ئەزاننىڭ پەيدا بولۇشى ........................ 138
مەدىنە يەھۇدىلىرى ........................ 142
مۇناپىقلار ........................ 145
يەھۇدىلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈش ........................ 146

مەككىلىكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىشى ..........146
ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشى ..........................................150
قوشۇن ئەۋەتىش ...............................................151
ۋاپات بولغانلار .................................................152
ھىجرىيىنىڭ 2 ـ يىلى ۋەددان غازىتى.............................153
بەۋات غازىتى ..................................................154
ئۇشەيرە غازىتى ................................................154
1 ـ قېتىملىق بەدرى غازىتى ....................................155
قوشۇن ئەۋەتىش ...............................................155
قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ........................................157
رامىزان روزىسىنىڭ پەرز بولۇشى.................................158
سەدىقە پىتىر ....................................................159
زاكاتنىڭ پەرز قىلىنىشى .......................................159
چوڭ بەدرى غازىتى .............................................160
ئەسىرلەر توغرىسىدا كېڭىشىش ..................................176
ئەسىرلەرنى تولەم بىلەن قۇتقۇزۇۋېلىش ..........................178
تولەم توغرىسىدا ئاللانىڭ كايىشى ..............................184
قەينۇقا غازىتى ..................................................186
قەينۇقا يەھۇدىلىرىنىڭ كوچۇپ كېتىشى ..........................188
سەۋىق غازىتى ...................................................189
ھېيت نامىزى ....................................................190
ئەلىنىڭ فاتىمىگە ئۆيلىنىشى .....................................191
ھىجرىيىنىڭ 3 ـ يىلى ..........................................191
كەئىب ئىبنى ئەشرەفنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ..........................191

مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى ........................................ 324
رەسۇلۇللانىڭ ئۈچ ئىلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق كەچۈرۈم قىلىشى .... 333
كەئىب ئىبنى زۇھەيرنىڭ كېلىشى .................................. 339
ئاياللارنىڭ بەيئەت قىلىشى ...................................... 340
ئۇززا بۇتىنىڭ چېقىۋېتىلىشى ..................................... 341
سۇۋا بۇتىنىڭ چېقىۋېتىلىشى ...................................... 342
مانات بۇتىنىڭ چېقىۋېتىلىشى ...................................... 342
هۇنەين غازىتى ........................................................ 342
قوشۇن ئەۋەتىش ...................................................... 347
تائىف غازىتى .......................................................... 348
غەنىمەتلەرنىڭ تەقسىم قىلىنىشى ................................. 350
هاۋازىن قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى ................................... 354
جىئىررانە ئۆمرەسى .................................................. 356
قوشۇن ئەۋەتىش ...................................................... 357
سۇدا قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى ...................................... 358
قوشۇن ئەۋەتىش ...................................................... 358
تەمىم قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى ..................................... 359
قوشۇن ئەۋەتىش ...................................................... 361
قوشۇن ئەۋەتىش ...................................................... 362
هىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلى قوشۇن ئەۋەتىش ............................ 362
ئەدى ئىبنى هاتەمنىڭ كېلىشى ..................................... 364
تەبۇك غازىتى .......................................................... 365
ئەيلە هاكىمىنىڭ كېلىشى ........................................... 370
رەسۇلۇللانىڭ ئەزروھ ۋە جەربا ئاھالىسىگە ئەهدىنامە يېزىپ

بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان. تاش ۋە دەرەخلەرنىڭ سالام بېرىشىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاللا بەرگەن نېمەتلەردىن ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھاجەت ئۈچۈن سىرتقا چىققاندا، ئۆي-ئىمارەت يوق يىراق يەرلەرگە، قاپتاللارغا، ئويمانلىقلارغا كېتەتتى. ئۇچرىغان تاش، دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىدىن: ئى رەسۇلۇللا، ساڭا رەھمەت ۋە ئامانلىق بولسۇن، دېگەن ئاۋازنى ئاڭلايتتى، توت ئەتراپىغا باقسا، ئادىمىزات كورۈنمەيتتى، بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى سوزلەپ بەرگەن. مۇنداق ئىشلار ئاللاغا ئاسان، ئاللا بۇرۇنمۇ جانسىز نەرسىلەرنى پەيغەمبەرلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن. مۇسانىڭ ھاسىسى ئەجدىھاغا ئايلىنىپ، پىرئەۋننىڭ سېھىرگەرلىرى كورسەتكەن سېھىرلىرىنى يۇتۇۋېتىپ، يەنە ئەسلىدىكى ھاسىلىق ھالىتىگە قايتقان. مۇسا شۇ ھاسا بىلەن تاشنى ئۇرغاندا، تاشتىن ئون ئىككى كوز سۇ ئېتىلىپ چىقىپ، بەنى ئىسرائىلنىڭ① ھەر ئايمىغى ئۈچۈن بىردىن بۇلاق ئايرىدە بولغان. شۇنىڭدەك ئاللا باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ قەدىر-قىممىتىنى، ئۇلۇغلۇغىنى كىشىلەرگە تونۇتۇش ئۈچۈن ئۇلارغا خالىغان تۇرلۇك جانسىز نەرسىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن.

## تەۋراتتىكى بىشارەت

ئاللا مۇسا پەيغەمبەرگە شۇ زاماندىكى خەلقنىڭ ئەھۋالىغا

---

① بەنى ئىسرائىل — ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى ئىسرائىل، شۇڭا ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى بەنى ئىسرائىل دېيىلىدۇ. — ت

## ۋەھيىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى

ۋەھيى بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغان، قانچىلىك ۋاقىت ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى توغرىسىدا تارىخچىلارنىڭ پىكىرلىرى ئوخشاش ئەمەس، لېكىن ۋەھيىنىڭ قىرىق كۈن ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى ھەققىدىكى پىكىر ئىشەنچلىكرەك. ۋەھيىنى ئۈزۈپ قويۇشتىن مەقسەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋەھيىگە سېغىندۇرۇش ئىدى. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاتتىق تۇيۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللا چوڭ نېمىتىنى كورسەتكەندىن كېيىن مېنى تاشلىۋەتتىمىكىن دەپ قورقۇپ، ھەمىشە، بىرەر تاغنىڭ چوققىسىنى كورسە، ئۇنىڭدىن ئوزىنى تاشلىۋەتكۈسى كېلەتتى. ئاللانىڭ ئۇنىڭغا چوڭ نېمىتىنى كورسەتكەنلىكى بولسا ئاللانىڭ ئوزى بىلەن بەندىلىرى ئارىسىدا ئۇنى ۋاستە بولۇشقا تاللىغانلىقى ئىدى. ئۇنىڭغا پەرىشتە كورۇنۇپ: سەن ئاللانىڭ ھەق پەيغەمبىرى، دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كوڭلى تىنجىپ، ئوزىنى تاغ چوققىسىدىن تاشلاش نىيىتىدىن ياناتتى. ئاخىرى ئاللا ئىسلام دىنىنىڭ نۇرىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى خالاپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولىدىغان ۋەھيىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

## ۋەھيىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېتىپ بارغاندا، ئاسماندىن ئۇنىڭغا بىر تۇرلۇك ئاۋاز ئاڭلاندى، قارىسا، ھىرا غارىغا كەلگەن پەرىشتە ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا-


AltunOq

ئادەملىرىگە يالغان سوزلىمەيدۇ. ئاللا بىلەن قەسەمكى، مەن مۇبادا باشقىلارغا يالغان سوزلىگەن تەقدىردىمۇ، سىلەرگە يالغان سوزلىمەيمەن، باشقىلارنى ئالدىغان تەقدىردىمۇ، سىلەرنى ئالدىمايمەن. يەككە-يىگانە بىر ئاللا بىلەن قەسەمكى، مەن پۈتۈن ئىنسانلارغا، بولۇپمۇ سىلەرگە ئاللانىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىسى، ئاللا بىلەن قەسەمكى، ئۇخلىغاندەك ئولىسىلەر، ئويغانغاندەك تىرىلىسىلەر، قىلمىشىڭلاردىن ھىساپ بېرىسىلەر، ياخشىلىغىڭلار ئۈچۈن مۇكاپاتلىنىسىلەر، يامانلىغىڭلار ئۈچۈن جازالىنىسىلەر. قارارگاھىڭلار ئەبىدى جەننەت بولىدۇ ياكى ئەبىدى دەۋزەخ بولىدۇ، دىدى. يىغىلغانلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەشەددى دۈشمىنى بولغان ئەبۇلەھەبدىن باشقىسى يۇمشاق گەپ قىلدى. ئەبۇلەھەب بولسا: مۇھەممەدگە پۈتۈن ئەرەپ خەلقى قارشى قوزغىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇنى توسۇشۇڭلار كىرەك. مۇھەممەدنى ئەرەپلەرگە تاپشۇرساڭلار، كەمسىتىلگەن بولىسىلەر، تاپشۇرمىساڭلار، ئەرەپ خەلقى سىلەرگە ئۇرۇش ئاچىدۇ، دىدى. ئەبۇتالىب قوپۇپ: ئاللا بىلەن قەسەمكى، ھاياتلا بولساق، مۇھەممەدنى ھىمايە قىلىمىز، دىدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر تارقاپ كەتتى.

رەسۇلۇللا دىنغا ئاشكارا دەۋەت قىلىشقا باشلىغاندىن كىيىن، قۇرەيش خەلقى ھەربىر يىغىلىشقان ۋاقىتلىرىدا ئۇنى مەسخىرە قىلىشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئوتكەندە، ئۇلار: بۇ ئەبۇكەبشىنىڭ ئوغلى ئاسماندىن سوزلەيدۇ، دىگەندىن باشقا گەپنى قىلىشمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنى ئەيىپلىدى، ئۇزلىرىنى نادان دەپ قاردى ھەمدە ئۇلارغا: ئاللا بىلەن قەسەمكى، ھەي خەلق، سىلەر بوۋاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىغا خىلاپلىق قىلىۋاتىسىلەر! دىدى. مانا شۇ چاغدىلا،

دېگەن سوز ئەنە شۇ بۇرۇن مەنىسىدىكى ئەنئ سوزىدىن كېلىپ چىققان، شەرەپلىك ئەزانى داغلاش خارلاشنى كورستىدۇ.

ئابدۇددار ئىبنى قۇسەي جەمەتىدىن نەزىر ئىبنى ھارىسمۇ مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن ئىدى. رەسۇلۇللا كىشىلەر بىلەن ئولتۇرۇپ ۋەز ـ نەسىھەت قىلغان ۋە ئوتكەنكى ئۇممەتلەرنىڭ باشلىرىغا كەلگەن كۈنلەرنى ئەسلەتكەن چاغلاردا، نەزىر قوپۇپ: ھەي خالايىق، كېلىڭلار، مەن سىلەرگە مۇھەممەددىن ياخشىراق سوزلەپ بېرىمەن دەپ، ئىران پادىشالىرى توغرىلىق سوزلەپ كېتەتتى. ئۇ ئىران پادىشالىرىنىڭ ۋەقەلىكلىرىنى بىلەتتى. ئۇ مۇھەممەدنىڭ سوزلىرى بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرى دەيتتى. نەزىر توغرىسىدا بۇ ئايەتلەر نازىل بولدى: "كىشىلەر ئارىسىدا ئاللانىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ۋە ئۇنى كۈلكە قىلىۋېلىش ئۇچۇن، بىلمەي تۇرۇپ قۇرۇق گەپ ساتىدىغانلارمۇ بار. مۇنداق ئادەملەر خارلىنىش ئازاۋىغا دۇچار بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلسە، گويا ئۇنى ئاڭلىمىغاندەك، ئىككى قۇلىغى ئېغىرلىشىپ قالغاندەك، تەكەببۇرلۇق بىلەن يۈز ئورۇيدۇ. ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاپ بىلەن بىشارەت بەرگىن."
(سۇرە لوقمان، 6 ـ، 7 ـ ئايەت)

توۋەندىكى ئايەتلەردە ئېيتىلغىنىدەك، يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن ئاللا ئوچ ئالدى: "مەسخىرە قىلغۇچىلارغا قارشى ساڭا بىز چوقۇم كۇپايىمىز، ئۇلار ئاللادىن باشقا يەنە بىر ئىلاھقا چوقۇنىدۇ، ئۇلار ئۇزۇنغا قالماي بىلىدۇ." (سۇرە ھىجر، 95 ـ، 96 ـ ئايەتلەر) ئاللانىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئىشقا ئاشىدىغانلىغى ئۇچۇن، بۇرۇن نازىل بولغان سۇرىدە ئۇنى ئوتتۇرىغا قويىغان، چۈنكى بۇ ئايەت مەككىدە نازىل بولغان. بۇ گۇرۇھنىڭ ھالاك بولۇشى رەسۇ-

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىلەن ئەبۇبەكرىگە ئوزۇق ۋە نەرسە-كېرەك تەگلىدى. ئۇلار: نەرسە-كېرەكنىڭ لازىم ئەمەس، بىزنى ئىزلەپ كېلىۋاتقانلارغا، كورمىدىم، دىسەڭ بولىدۇ، دىدى. سۇراقە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن ئامانلىق خېتى يېزىپ بېرىشىنى سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئەبۇبەكرىنى بۇيرۇپ يازدۇرۇپ بەردى. ئاللا پەيغەمبىرىگە زور ئىلتىپاتنى نامايان قىلدى، بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن ئاياقلاشتى. مەدىنىلىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن هەركۈنى هەررە①گە ئالدىغا چىقىشاتتى، كۈن قىزىغىچە تۇرۇپ قايتىپ كېتىشەتتى. بىر كۈنى ئۇزاق كوتكەندىن كېيىن قايتىپ ئويلىرىگە بېرىپ تۇرۇشلىرىغا، مەدىنىنىڭ ئېدىرلىرىدىن بىر ئىش بىلەن كەلگەن بىر يەهۇدى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ۋە ئۇنىڭ هەمراهلىرىنىڭ يىراقتىن بىر كورۇنۇپ، بىر كورۇنمەي چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كورۇپ: هوي ئەرەپ جامائىتى، سىلەر كۇتۇۋاتقان پەيغەمبىرىڭلار مانا كەلدى! دەپ توۋلىدى. ئەنسارلار دەرهال نەيزە-قىلىچلىرىنى ئېلىپ هەررەگە ئالدىغا چىقىپ، رەسۇلۇللانى قارشى ئېلىشتى.

## رەسۇلۇللانىڭ قۇباغا چۈشۈشى

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مەدىنىگە كېلىپ، بەنى ئەمر ئىبنى ئەۋف جەمەتىنىڭكىگە چۈشتى. مەرهۇم ئاسترونوم مەهمۇد پاشانىڭ

---

① هەررە — قاراتاشلىق ساي، مەدىنە مۇشۇنداق بىرقانچە سايلار بىلەن ئورالغان. — ت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن: مېنى ياخشى كورەمسىلەر؟ دەپ سورىۋىدى، ئۇلار: ھەئە! دەپ جاۋاپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللاغا مەلۇمكى، چوقۇم سىلەرنى قەلبىمدىن سويىمەن، دىدى. ئەبۇ ئەييۇبنىڭ جايى ئىككى قەۋەت بولۇپ، رەسۇلۇللانى ئۇستۇنكى قەۋەتكە ئېلىپ چىقماقچى بولسىمۇ، زىيارەتچىلەرگە قولايلىق بولۇشى ئۇچۇن، رەسۇلۇللا ئاستىنقى قەۋەتنى ئىختىيار قىلدى. لېكىن ئەبۇ ئەييۇب ئاياقلارنىڭ دەسسىشىدىن چىققان چاڭ-توزاڭ ياكى توكۇلگەن سۇلاردىن رەسۇلۇللانىڭ كوڭلىگە شىكەستە يەتمىسۇن دەپ ئۇنى ئاياش يۇزىسىدىن، ئۇنىڭ ئاستىنقى قەۋەتتە تۇرۇشىغا كوڭلى ئۇنىمىدى. بىر كۇنى كېچىدە ئەبۇ ئەييۇبنىڭ سۇ ئېلىقلىق كومزىگى تاسادىپى ھالدا خوتۇنىنىڭ قولىدا چېقىلىپ كەتتى. سۇنىڭ رەسۇلۇللانىڭ ئۇستىگە چۇشۇپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ئەبۇ ئەييۇب بىلەن خوتۇنى ئىككىسى ئويىدىكى ئارانلا بىرلا يوتقىنى بىلەن سۇنى ئېرتىشتى. ئەبۇ ئەييۇب رەسۇلۇللاغا ئىلتىماس قىلىۋېرىپ، ئۇنى يۇقۇرى قەۋەتكە ئېلىپ چىقىپ ئولتۇرغۇزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ئەييۇبنىڭ ئويىدىكى چاغدا، ئەنسارلارنىڭ چوڭلىرى سەئىد ئىبنى ئۇبادە، ئەسئەد ئىبنى زۇرارە، ئۇممۇ زەيىد ئىبنى سابىت قاتارلىقلارنىڭ ئويلىرىدىن ھەر كۇنى ئۇچ، توت تاۋاق ئاش كېلىپ تۇراتتى.

## مۇھاجىرلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

مۇھاجىرلارنىڭ تولىسى رەسۇلۇللا بىلەن مەدىنىگە كەلدى. ئەنسارلار ئۇلارنى ئويلىرىگە چۇشۇرۇشتە تالىشىپ قالدى. شۇنىڭ

كەچۈرۈم قىلدى. ئادالەت دىگەن مۇشۇنداق بولىدۇ. بۇنىڭ ئەجەپ-لىنەرلىكى يوق، چۈنكى ئاللاتائالا قۇرئاندا: "ئى مومىنلەر، ئۇزەڭلارنىڭ، يا ئاتا-ئاناڭلارنىڭ، يا ئۇرۇق-تۇققانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋالىق بىرىشكە توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، گۇۋالىقتا ئاللانى كوزدە تۇتۇپ، ئادىل بولۇڭلار." (سۇرە نىسا، 135-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دەپ تەلىم بەرگەن ئەخلاق ئاشۇنداق ئىدى.

شائىر ئەبۇ ئۇززە جۇمەھى. ئۇ مەككىدىكى چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاتتىق ئازار بىرەتتى. ئەسىرگە چۈشكەندىن كىيىن: ئى مۇھەممەد، مىنىڭ پېقىر، بالا-ۋاقىلىق ھاجەتمەن كىشى ئىكەن-لىگىمنى بىلىسەن، ماڭا كەڭچىلىك قىلساڭ، دىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىپ كەڭچىلىك قىلدى.

## تولەم توغرىسىدا ئاللانىڭ كايىشى

ئەسىرلەردىن تولەم ئىلىنىپ بولغاندىن كىيىن، ئاللا بۇ توغرىدا مۇنۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى: "پەيغەمبەرنىڭ زىمىندا دۇشمەننى قىرماي ئەسىر (ئەسىرلەردىن تولەم) ئىلىش پەيغەمبەرگە دۇرۇس ئەمەس. سىلەر دۇنيا مېلىنى كوزلەيسىلەر، ئاللا سىلەرگە ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كوزلەيدۇ. ئاللا غالىپتۇر، ھىكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى-دۇر. ئاللانىڭ ئىلگىرى چىقارغان ھوكمى بولمىسا ئىدى، تولەم ئالغانلىقىڭلار ئۇچۈن زور ئازاپقا دۇچار بولاتتىڭلار." (سۇرە ئەنفال، 67-، 68-ئايەتلەر) ئاللا ئاللانىڭ يولىدىن مەنئى قىلىدىغان، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئەسىرلەرنى ئولتۇرمەي، تولەم ئىلىپ قويۇپ بىرىشنى مەنئى قىلدى؛ تولەمدىن ئىبارەت

ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بەرگەن چاغلاردا يەھۇدىيلارغا ئىشىنىشكە
بولمايدۇ، دىگەن تونۇشقا ئېلىپ كەلدى. ئاللا قۇرئاندا بۇ ئايەتنى
نازىل قىلدى: ”سەن مەلۇم قەۋمنىڭ كېلىشىمگە خىيانەت قىلىشىدىن
قورقساڭ، كېلىشىمنى ئۇلارغا ئوچۇق تاشلاپ بەرگىن. ئاللا ھەقىقەـ
تەن خائىنلارنى دوست تۇتمايدۇ.“ (سۇرە ئەنفال، 59 ـ ئايەت) پەيغەمـ
بەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارنىڭ باشلىقلىرىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا
خىيانەتنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇردى.
ئۇلار: ھەي مۇھەممەد، بەدرى غازىتىدىكى غەلىبەڭدىن كورەڭلەپ
كەتمە! قۇرەيش خەلقى بولسا ئۇرۇش قىلىشنى ئۇقمايدىغان خەلق.
بىز بىلەن سوقۇشساڭ، ئاندىن بىزنىڭ كىملىگىمىزنى بىلىسەن،
دىدى. بەنى قەينۇقا يەھۇدىلىرى باتۇر ئىدى. بۇ چاغدا ئاللا
قۇرئاندىكى بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ”كاپىرلارغا، سىلەر يېڭىلىـ
سىلەر ۋە جەھەننەمگە توپلىنىسىلەر. جەھەننەم نىمە دىگەن يامان
توشەك، دىگىن. ئۇرۇشۇۋاتقان گورۇھتا سىلەر ئۇچۇن ئىبرەت
باردۇر: بىرى ئاللا يولىدا ئۇرۇشۇۋاتقانلاردۇر، يەنە بىرى كاپىرلار
بولۇپ، بۇلارغا ئۇلار ئوزلىرىدىن ئىككى ھەسسە كوپ كورۇنىدۇ.
ئاللا خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىپ ئۇنى قوللايدۇ. ئەقىل ئىگىسى
ئۇچۇن بۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئىبرەت باردۇر.“ (سۇرە ئال ئىمران، 13 ـ
ئايەت) بۇ چاغدا خەزرەج قەبىلىسىنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى بولغان
ئۇبادە ئىبنى سامىت بەنى قەينۇقا يەھۇدىلىرىدىن ئىتتىپاقداشلىق
مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى. ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي بولسا، دەۋرىنىڭ
ئوزگىرىشىدىن قورقمەن دەپ، خەزرەج بىلەن بولغان ئىتتىپاقداشـ
لىقتا چىڭ تۇردى. ئاللا مۇسۇلمانلارغا تەلىم بېرىپ، قۇرئاندا مۇنۇ
ئايەتلەرنى نازىل قىلدى: ”ئى مومىنلەر، يەھۇدى ۋە ناسارالارنى


AltunOq

مەجرۇھلارنى داۋالاش ئۇچۇن تەييارلانغان مەسچىتتىكى بىر چېدىردا تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئەۋەتكەن ئادەم سەئدنى ئىشىكگە مىندۇرۇپ كەلدى. ئەۋس قەبىلىسىدىن بىر گۇرۇھ ئادەم سەئدنى ئورىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن يەھۇدىيلار توغرىلىق قاتتىق ھوكۇم چىقارماسلىقنى ئۆتۈنەتتى. سەئد ئۇلارغا: مەن سەئدگە ئاللانىڭ ھوكمىنى ئىجرا قىلىشتا كىشىلەرنىڭ ئەيىپلەشلىرىدىن قورقماسلىقنىڭ ۋاقتى كەلدى، دەيتتى. سەئد چىقىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ساھابىلىرى بىلەن ئولتۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارغا: باشلىغىڭلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنى ئىشىكىدىن چۈشۈرۈڭلار، دىدى. ئۇلار سەئدنى چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭغا: رەسۇلۇللا سېنى ئىتتىپاقچىلىرىڭ ھەققىدە ھوكۇم چىقىرىشقا بەلگىلىدى، دىيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام سەئدگە: بەنى قۇرەيزە يەھۇدىلىرى ئۈستىدىن سەن ھوكۇم چىقارغىن، دىدى. سەئد ساھابىلەرگە قاراپ ئۇلاردىن: مېنىڭ چىقارغان ھوكمىمنى ئىجرا قىلىشقا ئاللاغا ۋەدە ۋە قەسەم بېرەلەمسىلەر؟ دەپ سورىدى. ئۇلار: ھەئە، دەپ جاۋاپ بېرىشتى. رەسۇلۇللا ماقۇللىغان جاۋاپنى ئالغاندىن كېيىن، سەئد: ئەرلەرنى ئولتۇرۇشكە، ئاياللارنى، بالىلارنى ئەسىر ئېلىشقا ھوكۇم قىلىمەن، دىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام سەئدگە: ئى سەئد، ئۇلار توغرىلىق ئاللانىڭ ھوكمى بويىچە ھوكۇم چىقاردىڭ، دىدى. چۈنكى سۇيىقەستچى خائىنلارنىڭ جازاسى ئەنە شۇنداق بولاتتى. ئاندىن رەسۇلۇللانىڭ بۇيرۇغى بويىچە ھوكۇم ئىجرا قىلىندى. غەنىمەتلەر توپلاندى. غەنىمەتلەر بىرمىڭ بەش يۈز قىلىچ، ئۈچ يۈز ساۋۇت، ئىككى مىڭ نەيزە، بەش يۈز قالقان ۋە نۇرغۇن ئوي-سايمان، قاچا-قومۇچ، توگە، قويلاردىن ئىبارەت ئىدى. خورما ۋە ئەسىرلەرنىمۇ

باشلىقلار ئارىسىدىكى دوستلۇق ئالاقىسىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى ئىدى، چۈنكى بۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر بىرىنىڭ ئىشىغا كوڭۇل بولىدىغان بولاتتى. ئىچىلىق ـ دوستلۇق سىياستى نىمە دىگەن ياخشى ـ ھە!

## قوشۇن ئەۋەتىش

مۇشۇ يىلى شەئبان ئېيىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام فەدەك① تىكى بەنى سەئىد قەبىلىسىدىن بىر تۈركۈم خەلققە ھۇجۇم قىلىشقا ئەلى ئىبنى تالىب باشچىلىغىدا يۈز كىشىلىك قوشۇن ماڭدۇردى. چۈنكى ئۇلارنىڭ بەنى سەئىد قەبىلىسى يەھۇدىلاردىن ئالماقچى بولغان خورمىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن يەھۇدىلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ياردەم بېرىدىغانلىغى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ئاڭلانغان ئىدى. قوشۇن يولدا كېتىۋېتىپ، دۈشمەننىڭ يەھۇدىلار بىلەن توختام تۈزۈشكە ئەۋەتكەن جاسۇسىنى تۇتۇۋالدى ۋە ئۇنىڭغا بەنى سەئىد خەلقىنى ئىپىپ بەرسە ئامانلىق بېرىدىغانلىغىنى ئېيتتى. جاسۇس ئۇلارنى بەنى سەئىد خەلقىنىڭ يۇرتىغا باشلاپ باردى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ چارۋا ـ ماللىرىنى غەنىمەت ئالدى، ئۇلارنىڭ پادىچىلىرى قېچىپ بېرىپ قەۋمىنىمۇ قورقۇتۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ قېچىپ كەتتى. مۇسۇلمانلار بەش يۈز توگە، ئىككى مىڭ قوي غەنىمەت ئېلىپ قايتىپ كەلدى. ئاللا مۇشرىكلارنىڭ سۈيىقەستىنى بەربات قىلدى. مۇشرىكلار يەھۇدىلارغا ھىچنەرسە بىلەن

① مەدىنىگە 6 كۈنلۈك كېلىدىغان خەيبەر تەرەپتىكى بىر يېزا. ـــ ت

ئىدى. ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلدى دىگەنلەرگە قىلىچىنى سۇغۇرۇپ تەھدىت سېلىپ: مۇسا پەيغەمبەر ئاللانىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ، خەلقىدىن قىرق كۈن ئايرىلىپ تۇرغاندەك، رەسۇلۇللامۇ ئاللانىڭ دەرگاھىغا كەتتى. ئەزبىرايى خۇدا، چوقۇم ئۈمىت قىلىمەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايتىپ كېلىپ، شۇنداق سوز-چوچەكلەرنى تارقاتقانلارنىڭ پۇت-قوللىرىنى كېسىپ تاشلايدۇ، دىدى. ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تېپىپ كېلىپ، ئائىشەنىڭ ئويىگە كىردى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىنى ئېچىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سويدى ۋە يىغلىدى ھەمدە: ئاللا بىلەن قەسەمكى، ساڭا ئاللانىڭ رەھمىتى بولسۇن. ئى رەسۇلۇللا، ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن. سەن ھايات ۋاقتىڭدىمۇ، ئولگەندىمۇ نىمە دىگەن خۇشبۇي. ئاللا ساڭا ئىككىنچى قېتىم ئولۇم بەرمىسۇن، دىدى. ئاندىن تاشقىرى چىقىپ ئاللاغا ھەمدۇ-سانا ئېيتقاندىن كېيىن: كىمكى مۇھەممەدگە ئىبادەت قىلىمەن دەيدىكەن، مۇھەممەد ئۇلدى، كىمكى ئاللاغا ئىبادەت قىلىمەن دەيدىكەن، ئاللا تىرىكتۇر، ئۇ ھەرگىز ئولمەيدۇ دەپ، ئاللانىڭ قۇرئاندىكى مۇنۇ سوزلىرىنى ئوقىدى: ”سەنمۇ (رەسۇلۇللانى دىمەكچى. — ت) چوقۇم ئولىسەن، ئۇلارمۇ ئولىدۇ.“ (سۇرە زۇمەر، 30-ئايەت) ”مۇھەممەد بولسا بىر پەيغەمبەر، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ كوپ پەيغەمبەرلەر كېلىپ كەتتى. ئەگەر ئۇ ئولسە ياكى ئولتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ ئارقىغا يېنىۋالغانلارنىڭ ئاللاغا ھىچ زىيىنى يوق. شۇكرى قىلغۇچىلارنى ئاللا مۇكاپاتلايدۇ.“ (سۇرە ئال ئىمران، 143-ئايەت) ئۆمەر: بۇ ئايەتنى گويا بۇرۇن ئاڭلىمىغاندەك ۋە ئەبۇبەكرىدىن يېڭىلا ئاڭلىغاندەك بولدۇم، دىدى. تاكى مۇسۇلمانلار خەلىپە تەيىنلەپ چىققانغا قەدەر، پەيغەمبەر ئەلەي-

لىرى، دۇئالىرى ۋە سۇلھىنامىلىرىمۇ پاساھەتلىكتە ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىدە تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئۇنىڭغا: سەندىنمۇ پاساھەتلىكرەك سوز قىلىدىغان ئادەمنى كورمىدۇق، دىگەندە، ئۇ: قۇرئان مېنىڭ تىلىم يەنى روشەن ئەرەبى تىل بىلەن نازىل بولغان تۇرسا، شۇنداق بولىماي قانىداق بولاتتى؟ دەپ جاۋاپ بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر قېتىم: مەن قۇرەيش قەبىلىسىدىن كېلىپ چىقتىم، بەنى سەئد ئايمىقىدا ئوستۇم، دىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سوز-ئىبارىلىرىدە سەھرا سوزىدىكى كۈچلۈكلۈك بىلەن سالماقلىق ۋە شەھەر سوزىدىكى گۈزەللىك بىلەن نەپىسلىك جەم بولغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشلەرنىڭ بىلىش ئىقتىدارى ئاجىزلىق قىلىدىغان ۋەھيى ئارقىلىق ئاللانىڭ مەددىتىگە ۋە قوللىشىغا ئىگە بولغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسىبىنىڭ ئېسىللىكى، يۇرتىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەممىگە ئايان، ھېچقانىداق دەلىل-پاكىت تەلەپ قىلمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققى قۇرەيشلەردىن بولۇپ، قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ، ھاشىم جەمەتىنىڭ كوزى، ئەرەپلەرنىڭ ئەڭ ئېسلى، ئاتا-ئانا تەرەپتىن ئەڭ ھورمەتلىكى ئىدى: ئاللا ئۇچۇنمۇ، پەيغەمبەر ئۇچۇنمۇ ئېزىز يۇرت بولغان مەككىلىك ئىدى. بۇ نۇقتىلارنى كىتاپنىڭ باش قىسمىدا يېتەرلىك بايان قىلىپ ئوتتۇق.

ئىنسانىنىڭ ھاياتىغا زورۇر بولغان بەزى نەرسىلەرنىڭ ئاز بولۇشى پەزىلەت ھىساپلىنىدۇ. مەسىلەن، غىزالىنىش ۋە ئۇخلاشنىڭ ئاز بولۇشى شۇ جۈملىگە كىرىدۇ. ئەرەپلەر ۋە ھوكۇمالار ئەزەلدىنلا ئاز غىزالىنىش ۋە ئاز ئۇخلاشنى ماختاپ كەلگەن، كوپ يېيىش ۋە كوپ ئۇخلاشنى ئەيىپلىگەن. چۈنكى كوپ يېيىش، كوپ ئىچىش

تارتىۋېلىپ: بۇ مەجۇسلارنىڭ ئىشى. ئۇلار پادىشالىرىنىڭ قولىنى شۇنىداق سويىدۇ. مەن پادىشا ئەمەس، سىلەرگە ئوخشاش ئاددى بىر ئادەم، دىدى. كىيىملىكىنى مەن كوتەرمەكچى بولۇۋىدىم، ئۇ بەرمەي: كىشى ئوز نەرسىسنى ئوزى كوتىرىشكە تېگىشلىك، دىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادىللىغى ئاددى-ساددىلىغى، لەۋزىدە تۇرۇشى، ئېپپەتلىكلىگى ۋە راستچىللىغى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇرۇندىنلا ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ راستچىل ئىدى. بۇنى ئۇنىڭ دۇشمەنلىرىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى، كىشلەر ئۇنى ئەمىن دەپ ئاتىشاتتى، بۇنى كىتاۋىمىزنىڭ باش قىسمىدا بايان قىلىپ ئوتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: نىكايىمدا بولمىغان ئايالنىڭ قولىنى تۇتقىنىم يوق، دىگەن. ئەبۇل ئابباس مۇنداق دەيدۇ: كىسرا كۇنلىرىنى تەقسىم قىلىپ، بوران چىققان كۇنى ئۇخلىغان ياخشى، هاۋا تۇتۇق كۇنى ئوۋغا چىققان ياخشى، يامغۇر ياققان كۇنى نەغمە-ناۋا بىلەن شاراپ ئىچكەن ياخشى، هاۋا ئوچۇق كۇنى ئىشلىگەن ياخشى، دىگەن. پەيغەمبىرىمىز كۇندۇزنى ئۇچكە تەقسىم قىلىپ ئۇنىڭ بىر بولىگىنى ئاللا ئۇچۇن، بىر بولىگىنى ئائىلىسى ئۇچۇن، بىر بولىگىنى ئوزى ئۇچۇن بولگەن. ئاندىن ئوزى ئۇچۇن بولگەن قىسمىنى كىشلەرنىڭ هاجىتى ئۇچۇن سەرپ قىلغان. يېنىدىكى كىشلەرگە ئومۇمنىڭ هاجىتىدىن چىقىشنى تەرغىپ قىلىپ: مەن هاجىتىدىن چىقالمىغان كىشلەرنىڭ هاجىتىنى راۋا قىلىڭلار. هاجەتمەنىنىڭ هاجىتىدىن چىققان ئادەمنى ئاللا قىيامەت كۇنىنىڭ قورقۇنچىسىدىن ئەمىن قىلىدۇ، دىگەن. رەسۇلۇللا بىراۋنىڭ گۇنايى ئۇچۇن باشقا بىراۋنى جازاغا تارتمايتتى، بىراۋنىڭ ئۇستىدىن چېقىمچىلىق قىلغانلارنىڭ سوزىگە چۇمپۇتمەيتتى.

ئۇلار مۇنداق دىيىشەتتى: "قۇرئان دىگەن تەسىر كورسىتىدىغان سېھىر، داۋاملىشىدىغان سېھىر، توقۇلغان بوھتان، قەدىمقىلاردىن قالغان ھىكايىلەر." ئۇلار يەنە ئۇزلىرىنىڭ تېگىشىپ قالغانلىقىنى بىلدۇرىدىغان "بىزنىڭ دىلىمىز چۈشەنمەيدۇ، ئۇ پەردىلەنگەن، قۇلاقلىرىمىز ئېغىر، بىز بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا پەردە بار، بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، ئۇنى ئېلىشتۇرۇۋېتىڭلار (ئوقۇۋاتقان چاغدا)" دىگەندەك سوزلەرنى قىلاتتى. ئۇلار ئۇزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىغا تەن بەرمەي چوڭ سوزلەپ: "ئەگەر خالىساق، قۇرئانغا ئوخشاش سوزلەرنى بىزمۇ چوقۇم تۇزەلەيتتۇق" دەيتتى. ئاللا ئۇلارغا: "قۇرئاندەك سوزلەرنى ھەرگىزمۇ تۇزەلمەيسلەر" دىگەن. ئەمەلدە، ئۇلار قۇرئاننىڭ تەگدىشىنى مەيدانغا كەلتۇرۇشكە قادىر بولالمىدى. مۇسەيلىمەدەك بەزى ئەخمەقلەر شۇنداق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، رەسۋا بولدى. ئاللا ئۇلارنى قۇرئانغا تەئەررۇز قىلالايدىغان قۇۋۋەتتىن مەھرۇم قىلدى. ئۇلار قۇرئاننىڭ تىل ئۇسلۇبىنىڭ ئۇزلىرىنىڭ تىل ئۇسلۇبىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ موجىزە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن يۇز ئورىدى. قۇرئاندىكى "قىساس ئېلىنسا، سىلەر ھايات قالىسلەر (قاتىل ئولتۇرۇلسە، قاتىللىق قىلىشقا جۇرئەت قىلغۇچىلار قالمايدۇ، باشقىلار ھايات قالىدۇ مەنىسىدە. — ت)." (سۇرە بەقەرە، 179 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى) "ئۇلارنى دەھشەت باسقان، كورسەڭكى، ئۇلار قاچىدىغان جاي تاپالمايدۇ، ئۇلار دەۋزەققە يېقىن جايدا تۇتۇلىدۇ." (سۇرە سەبە، 51 - ئايەت) "يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن تاقابىل تۇرغىن، شۇنداق قىلساڭ، سەن بىلەن ئاداۋەتتە بولغان ئادەم دوستۇڭغا ئايلىنىدۇ." (سۇرە فۇسسىلەت، 34 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

AltunOq

مەسخىرە قىلغۇچىلارغا چوقۇم تېتىيمىز.“ (سۈرە ھىجىر، 95 ـ ئايەت) دىگەن. ”ئاللا سېنى ساقلايدۇ“ دىگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللا مۇھاپىزەتچىلىرىگە: كېتىڭلار، ئاللا مېنى ساقلايدۇ، دىگەن. دۇسۇر پەيغەمبىرىمىزنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ئاللانىڭ ئۇنى ساقلىغانلىقىنى، ئاللانىڭ رەسۇلۇللانى ئەبۇجەھىلنىڭ نۇرغۇن سۇيىقەستلىرىدىن ساقلىغانلىقىنى، مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان كېچىسى ئاللانىڭ رەسۇلۇللاغا قىلغان ئىلتىپاتىنى ۋە يولدا سوراقە بىلەن بولغان ۋەقەنى يۇقۇرىدا بايان قىلدۇق.

قىسقىسى، بۇ جەھەتتە شۇ نەرسە يېتەرلىككى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەشەددى دۇشمەنلىرىنىڭ ئارىسىدا مەككىدە ئون ئۈچ يىل تۇردى. مەدىنىدە مۇناپىق ۋە يەھۇدىلار ئارىسىدا ئون يىل تۇردى. بۇ جەرياندا، دۇشمەنلىرىدىن ھېچ بىرسى رەسۇلۇللاغا زىيانكەشلىك قىلالمىدى. تاكى ئىسلام دىنى غەلىبە قىلىپ تاكاممۇلاشقانغا قەدەر، ئىگىسى ئاللا رەسۇلۇللانى دۇشمەنلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىدى. ئاللاغا ھەمدۇ ئېيتىمىزكى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەيمىز. ئاللا كوپ ھەمدۇ ئېيتقۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ؛ ئاللادىن بۇ تەرجىمھالنى ئوقۇغانلارنى رەسۇلۇللاغا ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە ئەگىشىشكە مۇۋەپپەق قىلىشىنى تىلەيمىز!

خۇداغا شۇكرى، سەييىدىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە، دوستلىرىغا ئاللا رەھمەت قىلسۇن!

